سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

# قەد كۆتۈرگەن يانچىلار ناخشا ئېيتتى

**يېڭى جۇڭگونىڭ قايناق ـ تاشقىنلىق يىللىرى**

«ئېھ قۇياش، ئىللىق نۇرۇڭ چۈشتى ھەريان، ئېھ بۈركۈت، قانات كېرىپ قىلدىڭ پەرۋاز، باھار نۇرى ئېگىزلىكنى يورۇتۇپ تۇرسا، ناخشا ئېيتماي قانداقمۇ تۇرالايمەن. قارا بۇلۇتلار تارقاپ، ئىللىق قۇياش قىلدى جىلۋە، بەخت ناخشىسى تارىلىپ ھەريان، چېھرىلەردە پارلىدى كۈلكە.» زاڭزۇ قېرىنداشلارنىڭ ياڭراق ناخشىسىدا دېموكراتىك ئىسلاھاتتىن كېيىنكى شىزاڭ خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى كۈيلەندى.

شىزاڭ قەدىمدىن تارتىپ دۆلىتىمىز زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت دۆلەت ئىچى ۋە سىرتى ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، شىزاڭنى تىنچ ئازاد قىلىش فاڭجېنىنى بېكىتتى.

مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ شىزاڭنى قوغداش سىياسىتى، دىن تۈزۈمى شىزاڭنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ياردەم بەردى. شىزاڭنىڭ جەمئىيىتى، ئىقتىسادى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە ناھايىتى زور دەرىجىدە يۈكسەلدى.

لېكىن، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە توختىماستىن قايمۇقتۇردى ۋە قۇتراتتى. 1959 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، شىزاڭنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار ئومۇمىيۈزلۈك قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈردى. 1959 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، زۇڭلى جوۋ ئېنلەي «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ بۇيرۇقى»نى ئىمزالاپ، «دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى شىزاڭ ھەربىي رايونىغا توپىلاڭنى تەلتۆكۈس تىنچىتىشنى ۋەزىپە قىلىپ تاپشۇرغاندىن سىرت، بۈگۈندىن باشلاپ شىزاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنى تارقىتىۋېتىپ، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى تەييارلىق ھەيئىتى شىزاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئالاھىدە قارار قىلدۇق» دەپ جاكارلىدى. ئازادلىق ئارمىيەنىڭ شىزاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمى مەركەزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قوراللىق توپىلاڭغا قايتۇرما زەربە بېرىپ، بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى تىنچىتتى.

توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ غەلىبىسى شىزاڭنىڭ دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى. دېموكراتىك ئىسلاھاتتىن بۇرۇنقى شىزاڭ جەمئىيىتىدە يانچىدار ۋە يانچىدىن ئىبارەت تۈپتىن قارىمۇقارشى ئىككى سىنىپ بار ئىدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»(توپىلاڭغا قارشى تۇرۇش، ئالۋان ـ ھاشارغا قارشى تۇرۇش، قۇل قىلىشقا قارشى تۇرۇش) «ئىككىنى كېمەيتىش»(ئىجارىنى كېمەيتىش، ئۆسۈمنى كېمەيتىش) ۋە يەرنى تەقسىملەش ئارقىلىق، مىليون يانچى فېئوداللىق كىشەننى چېقىپ تاشلاپ، ئۆز تەقدىرىگە ئىگە بولالايدىغان خوجايىنلارغا ئايلاندى.

دېموكراتىك ئىسلاھات جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلدى، قەد كۆتۈرگەن يانچىلارنىڭ يېرى، كالا ـ قويلىرى بار بولدى، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى مىسلىسىز ئاشتى، باشقا تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمۇ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى.

2009 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا، ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىنى شىزاڭدىكى مىليون يانچىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى خاتىرىلەش كۈنى قىلىپ بېكىتىش قارار قىلىندى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 3 ـ بەتتە)

ئوخشاشلىقلارنى مۇجەسسەملەپ، پەرقلەرنى تۈگىتىپ، ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ ئىدىيەدە ئورتاق ئىلگىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. خەلق سىياسىي كېڭىشى ھەر ساھەدىكى ئاممىغا بىلەن كەڭ دائىرىدە ئالاقىلىشىپ ۋە ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇش، كەيپىياتنى راۋانلاشتۇرۇش، زىددىيەتنى پەسەيتىش ـ تۈگىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەملىشىشى كېرەك. ئەزالارنى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈش، ساھەدىكى ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈشكە ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە مەدەت بېرىپ، ئاممىنىڭ پىكرى ۋە تەكلىپىنى ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىشى كېرەك.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىدىغان ئاكتىپ كۈچلەرنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشكە توغرا كېلىدۇ. خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ يېڭىچە سىياسىي پارتىيە تۈزۈمىنى يۈرگۈزىدىغان مۇھىم سىياسىي شەكىل ۋە تەشكىلىي شەكىللىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ئۆز پارتىيە ـ گۇرۇھى نامىدا سىياسىي كېڭەشتە پىكىر بايان قىلىش، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەققىدە مېخانىزم خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىش كېرەك. پارتىيە سىرتىدىكى زىيالىيلار، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلار، يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك. «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم بولۇش»، «شياڭگاڭلىقلار شياڭگاڭنى ئىدارە قىلىش»، «ئاۋمېنلىقلار ئاۋمېننى ئىدارە قىلىش»، يۈكسەك ئاپتونومىيە فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق ئەزالارنى ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە باش مەمۇرنىڭ قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنى قوللاشقا يېتەكلەپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شياڭگاڭنى سۆيىدىغان، ئاۋمېننى سۆيىدىغان كۈچلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زورايتىش كېرەك. بىر جۇڭگو پرىنسىپىدا ۋە «92 ـ يىلدىكى ئورتاق تونۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، تەيۋەن ئارىلىدىكى ئالاقىدار پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى، ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ يۇغۇرۇما تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ھەرقانداق شەكىلدىكى «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلارنى كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، چياۋمىن قېرىنداشلار ۋەكىللىرىنى سىياسىي كېڭەش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا جەلپ قىلىش كېرەك. تاشقى ئالاقىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى ئاكتىپ كۈچ بىلەن تەمىنلەشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ۋەكىللىك زاتلار بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەستايىدىل كېڭىشىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن، ھەر ساھەدىكى ئاممىغا ۋەكىللىك قىلىپ دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. بۇ شەرەپ، تېخىمۇ مۇھىمى مەسئۇلىيەت. كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى قەتئىي دۆلەت ئۈچۈن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ھېسسىياتى بىلەن، ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئەزالىق ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى كېرەك.

سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەلگەن بولۇپ، بەزى مەسىلىلەرگە بولغان قارىشى ۋە تونۇشى ئوخشاش بولۇشى ناتايىن، لېكىن سىياسىي مەيداندا مۇجمەل بولۇشقا، سىياسىي پرىنسىپتا تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا بولغان سىياسىي جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، ئىدىيە جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، نەزەرىيە جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش، ھېسسىيات جەھەتتە قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى كېرەك. ئىدىيەۋى سەۋىيەسى ۋە تونۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەر جەھەتتىكى بىلىملەرنى كەڭ دائىرىدە ئۆگىنىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى توغرا ئىگىلەپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پائال چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىشى كېرەك. كۆۋرۈكلۈك، رىشتىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ساھەلەردىكى ئامما ئارىسىدا بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى كۆپرەك ئىشلىشى، باھار شامىلى بىلەن ئىللىتىش، تۈگۈننى يېشىش خىزمىتىنى كۆپرەك ئىشلىشى، كەيپىياتنى راۋانلاشتۇرۇش، زىددىيەتنى پەسەيتىش ـ تۈگىتىش خىزمىتىنى كۆپرەك ئىشلىشى كېرەك. ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە سىياسىي كېڭەش نىزامنامىسىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى پائال ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى تاۋلاپ، پاك ـ تەلەپچان بولۇشنى چىڭ تۇتۇپ، نەمۇنىلىك ھەرىكىتى ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلىشى كېرەك.

يولداشلار، دوستلار!

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، پارتكوم دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى خىزمىتى، سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى خىزمىتى ئەھۋالى دوكلاتىنى قەرەللىك ئاڭلاش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللىرىغا قارىتا ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈشى كېرەك. سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمەتلەرنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىپ، سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىك بەنزىسىگە ئەلالارنى تاللاپ، كۈچلۈكلىرىنى سەپلەپ، شەھەرلىك، ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئۇل خىزمىتى ئاجىز بولۇش، خادىملار كۈچى ئاجىز بولۇش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق ھەل قىلىشى كېرەك. پارتكومدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرىگە باشلامچىلىق بىلەن قاتنىشىپ، باشلامچىلىق بىلەن پارتىيە سىرتىدىكى دوستلار بىلەن كەڭ ۋە چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ۋە تەشكىلات، تەشۋىقات، بىرلىك سەپ قاتارلىق تارماقلار، ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى بىرىكمە كۈچنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. يېڭى دەۋردە خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەخسۇس ھۆججەت بېسىپ تارقىتىدۇ، كۆپچىلىك ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زور سىياسەت ـ فاڭجېنلىرى ۋە تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ خەلق سىياسىي كېڭەشتە ئىزچىللىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. سىياسىي كېڭەش سىستېمىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ پارتىيەنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يېتەكچى قىلىپ سىياسىي كېڭەش ئورگان قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

يولداشلار، دوستلار!

70 يىلنىڭ ئالدىدا، يېڭى جۇڭگونىڭ تاڭ نۇرى كۆتۈرۈلۈپ چىققان پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى چوڭ يۈزلىنىشكە ماسلىشىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كېڭىشىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇش، ئۇلۇغ ئىشلارنى ئورتاق يارىتىشنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى. 70 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، بىر مەقسەتتە جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش، قول تۇتۇشۇپ جاسارەت بىلەن يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئۇزۇن سەپەر يولىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئەسلىي مەقسىتىنى ئۇنتۇماي، بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى داۋاملىق ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، بۈيۈك ئىتتىپاقلىق، بۈيۈك بىرلىشىشنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ تەنتەنىلىك پائالىيەتنى بىرلىكتە ئۆتكۈزىدۇ. بۇ تارىخىي مۇسابىدە، خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ بۇرچى شەرەپلىك، مەسئۇلىيىتى ئېغىر. خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق كۆرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

# بىر مەقسەتتە جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەيمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## ■ يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈنىلىش كۆرسىتىپ بېرىش

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى تاۋ جيې مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۈنىلىش كۆرسىتىپ بېرىپ، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا دېموكراتىك نازارەتنى قوبۇل قىلىپ، تەكلىپ بېجىرىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، تەكلىپلەرگە «بىر ـ بىرلەپ جاۋاب قايتۇرۇش، ھەربىر ئىشقا ئىنكاس قايتۇرۇش»قا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق سىياسىي كېڭەش تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرىمىز.

دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى باۋ ئەنمىڭ مۇنداق دېدى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، خەلق سىياسىي كېڭەش ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنىڭ مۇھىم يولى ۋە مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، فۇنكسىيەسىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، كۈچنى توپلاپ، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ سەھنىسى تېخىمۇ كېڭەيدى، مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ زور بولدى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى جياڭ پېڭئەن مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ، بىز كېڭىشىش ئارقىلىق ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ئەقىل ـ پاراسەتنى مۇجەسسەملەپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى، ياخشى ياردەمچىسى، ياخشى خىزمەتدىشى بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشىمىز.

## ■ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش ئورتاق تونۇشنى كەڭ مۇجەسسەملەش

خەلق سىياسىي كېڭەش كېڭىشىش داۋامىدا كەڭ ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپ پارتىيە ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلق دېموكراتىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەسىنىڭ ئىشلارنى كۆپرەك كېڭىشىش، ئىشقا يولۇققاندا كۆپرەك كېڭىشىش، ئىش قىلغاندا كۆپرەك كېڭىشىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئومۇمىي يىغىنى باشلامچى، مەخسۇس تېمىلىق ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش خاراكتېرىدىكى دائىمىي كومىتېت يىغىنى ۋە مەخسۇس تېمىلىق كېڭىشىش يىغىنىنى مۇھىم نۇقتا، ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنىنى دائىمىي ھالەت قىلغان كېڭىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جۇ گاڭ مۇنداق دېدى: «مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش»نى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بىر تۈركۈم چوڭقۇرلۇققا ئىگە، سالمىقى بار كېڭىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈردى. بىز بۇ پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتتۇق، بۇ، يېڭى دەۋردىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لىشيا مۇنداق دېدى: سىياسىي كېڭەش ئاياللار بىرلەشمىسى ساھەسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ ئاياللار بىلەن ئالاقە باغلىشىنى مۇھىم يول بىلەن تەمىنلىدى، ئاياللارنىڭ سىياسىيغا كەڭ دائىرىدە، تەرتىپلىك قاتنىشىشىنى مۇھىم يول بىلەن تەمىنلىدى. ئاياللار بىرلەشمىسى سىستېمىسى ۋەكىللىك ۋە ئاياللار ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاياللار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاۋ چۈەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى پارتىيەنىڭ ياشلار بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى كۆۋرۈكلۈك، رىشتىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بىلەن يۈزتۇرا سۆھبەتلىشىش» پائالىيىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بىلەن پىكىرلىشىش، ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىش داۋامىدا نەتىجىلەرنى ئايلاندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

## ■ يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى يېزىش

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن باش كاتىپ جاڭ شۇ مۇنداق دېدى: بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ يېڭى ئورنى، يېڭى بۇرچىنى پۇختا ئىگىلەپ، ھەققىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەشتۈرىدىغان سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشىمىز كېرەك.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىلزات زادە مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە مەخسۇس تەلەپ قويۇلدى، مەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، زىممەمدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن كەسپىي ئەۋزەللىكىمنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، بىر تۈركۈم پىكىر چوڭقۇر، نەزەر دائىرە ئۆزگىچە، قىممىتى يۇقىرى بولغان ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشىمەن.

شايار ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن يەنكې مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتىمىز. ناھىيەلىك پارتكوم پارتىيەنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ، خەلق سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىگە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولىدۇ.

**(مۇخبىرلىرىمىز لى ياڭ، يۈەن لىي، ليۇ يى، مېھرىگۈل غوپۇر، جاۋ جيېيۈن، مېھرىگۈل ناسىر، شې خۇيبىيەن، جاڭ جىلى، دۇ جيېنخۇي، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈتاڭ يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)